# يەمەنلىكلەر كەلگەن چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: «سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا يەمەنلىكلەر كەلدى» دېدى

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ ئۇ مۇنداق دېگەن: يەمەنلىكلەر كەلگەن چاغدا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا يەمەنلىكلەر كەلدى» دېدى، ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرشۈشنى دەسلەپ ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلەر ئىدى

سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - [ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان

رەسۇلۇللاھنىڭ: «سىلەرنىڭ قېشىڭلارغا يەمەنلىكلەر كەلدى» دېگىنى، ئۇلارنى قارشى ئالغانلىق، پەزىلىتىنى بايان قىلغانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنىڭ قەۋمى ئەشئەرىلىكلەرمۇ بار ئىدى، ئىمام ئەھمەد مۇسنەد كىتابىدا 1553- نومۇرلۇق ھەدىستە رىۋايەت قىلغان ھەدىسى بۇنىڭغا دەلىل بولىدۇ. ئۇ ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەم: «سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا ئەتە قەلبى ئىسلامغا سىلەردىنمۇ يۇمشاق كىشىلەر كېلىدۇ» دېگەن، ئەشئەرىلەر كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرىمۇ بار ئىدى، ئۇلار مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا بۇ شېئىرنى ئوقۇپ كەلگەن: «ئەتە ئۇچرىشىمىز يارەنلەر بىلەن ، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن»، ئۇلار كەلگەن ۋاقىتلىرىدا قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، بۇ ئۇسۇلنى تۇنجى ئوتتۇرغا قويغۇچىلاردىن بولۇپ قالغان

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/6214

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee